# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报　ﺷﯩﻨﺠﺎڭ ﮔﯧﺰﯨﺘﻰ

2019 ـ يىل 11 ـ ئاي

6

چارشەنبە

维吾尔文 11 月6日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24871 ـ سان　بۈگۈن 8 بەت


## شى جىنپىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان چەت ئەل رەھبەرلىرى بىلەن بىللە كۆرگەزمە سارىيىنى كۆزدىن كەچۈردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار لى جۈنفا، جوۋ رۇي)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شاڭخەيدە 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشقاندىن كېيىن، كۆرگەزمىگە قاتناشقان چەت ئەل رەھبەرلىرى بىلەن بىللە كۆرگەزمە سارىيىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شى جىنپىڭ فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكروننىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدى بىلەن فرانسىيە سارىيىغا كەلدى. ماكرون قىزغىنلىق بىلەن شى جىنپىڭنى فرانسىيەنىڭ قىزىل ھارىقى ۋە كالا گۆشى يېمەكلىكلىرىنى تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. مەيداندىكى فرانسىيە كارخانىچىلىرى بەس ـ بەستە شى جىنپىڭغا مۇنداق بىلدۈردى:

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى

### ئوچۇق ھەمكارلىشىدىغان، ئورتاق يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئورتاق ھەممىبەھرىلىنىدىغان دۇنيا ئىقتىسادىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى　جۇڭگونىڭ يېڭى تەدبىر قوللىنىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى




11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى شاڭخەي دۆلەت كۆرگەزمە مەركىزىدە باشلاندى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم «ئوچۇق ھەمكارلىشىش تەقدىرداش بولۇش» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى. سۈرەتتە: باشلىنىش مۇراسىمىدىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ چەت ئەل تەرەپ رەھبەرلىرى بىلەن كوللېكتىپ سۈرەتكە چۈشتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى




11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى شاڭخەي دۆلەت كۆرگەزمە مەركىزىدە باشلاندى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم «ئوچۇق ھەمكارلىشىش تەقدىرداش بولۇش» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار جياڭ ۋېي، ياڭ يىجۈن، جۇ چاۋ)** 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شاڭخەي دۆلەت كۆرگەزمە مەركىزىدە باشلاندى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم «ئوچۇق ھەمكارلىشىش تەقدىرداش بولۇش» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئېچىۋېتىش روھىي ھالىتى ۋە تەدبىرى ئارقىلىق ئوچۇق ھەمكارلىشىدىغان، ئوچۇق يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئوچۇق ھەممىبەھرىلىنىدىغان دۇنيا ئىقتىسادىنى ئورتاق بەرپا قىلىشقا كىرەكلىكىنى تەكىتلىدى، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسىنىڭ بارغانسىرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدىغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9دىن 30 ئەتراپىدا، شى جىنپىڭ چەت ئەل تەرەپ رەھبەرلىرى بىلەن بىللە يىغىن مەيدانىغا كىردى.

قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، شى جىنپىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. شى جىنپىڭ ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىر يىل ئىلگىرى، بىز بۇ يەردە تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدۇق. بۈگۈن، تېخىمۇ كۆپ دوستلار ۋەدىلەشكىنى بويىچە يېتىپ كەلدى. مەن ئىشىنىمەنكى، ھەرقايسى دوستلار خۇشال ـ خۇرام كېلىپ، رازى بولۇپ قايتىدۇ. بۇلتۇر مەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىكى بەش جەھەتتىكى تەدبىرنى جاكارلاپ، شاڭخەيگە قارىتا ئۈچ نۇقتىلىق ئېچىۋېتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بىر يىلدىن بۇيان، بۇ ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرى ئاساسەن ئەمەلىيلەشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى تارىخىي ئېقىم. گەرچە بەزى قايتما دولقۇنلار كۆرۈلىدىغان بولسىمۇ، گەرچە ناھايىتى كۆپ خەتەرلىك ساھىل ۋە يوشۇرۇن توسالغۇلارغا دۇچ كەلسىمۇ، لېكىن چوڭ دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ۋەزىيىتىنى ھېچكىممۇ توسۇپ قالالمايدۇ. دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىنى ھېچقانداق بىر دۆلەت ئۆزى يالغۇز ھەل قىلالىغان ئەمەس. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىنسانىيەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ ئېچىۋېتىش روھىي ھالىتى ۋە تەدبىرى ئارقىلىق ئورتاق ھالدا پۈتۈن يەر شارى بازىرىدىكى تورتنى چوڭايتىشى، پۈتۈن يەر شارى ھەممىبەھرىلىنىش مېخانىزمىنى پۇختىلىشى، پۈتۈن يەر شارى ھەمكارلىق شەكلىنى جانلاندۇرۇشى كېرەك، ئورتاق ھالدا ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قانچە زورايتسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ، قارشىلىق كۈچىنى قانچە كىچىكلەتسە شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

شى جىنپىڭ بىرقانچە نۇقتىلىق تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچى، ئوچۇق ھەمكارلىشىدىغان دۇنيا ئىقتىسادىنى ئورتاق بەرپا قىلىش. زىددىيەت ۋە سۈركىلىش ئالدىدا، كېڭىشىش، ھەمكارلىق توغرا يول. پەقەت باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا يول قويغاندىلا، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان قىيىن مەسىلە يوق. ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىياتنى كۈزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، « قولنى قويۇۋېتىش»تە ئەمەس، بەلكى «قولنى چىڭ تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، «تامنى قوپۇرۇش»تا ئەمەس، بەلكى «تامنى چېقىۋېتىش»تا چىڭ تۇرۇپ، قورۇقچىلىق، بىر تەرەپلىمىچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى

### (2019 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللاندى)

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك قارار چىقاردى.

**بىرىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى ۋە ئومۇمىي تەلىپى**

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى پارتىيە ۋە خەلق ئۇزاق مۇددەت ئەمەلىيەتتە ئىزدىنىش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن ئىلمىي تۈزۈم سىستېمىسى، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى بارلىق خىزمەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئاساسەن قانات يايدۇرۇلىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ھەم ئۇنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى ھەم دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى، ھەربىي ئىشلار، تاشقى ئىشلار قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈملەرنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىگە، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، سىياسىي مۇقىملىق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەلقنىڭ بەختى، جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەملىكى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

**شى جىنپىڭ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»غا ئائىت چۈشەندۈرۈش**

3 ـ بەتتە

**ئالدىنقى ئون ئايدا شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى**

4 ـ بەتتە